مەسىلىلىرىمىز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز: 1

# قۇمار

**دوكتور ئۆمەر مەنەكشە**

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

***2011***

تەرجىمە: باتۇر قاراخانىي

تەھرىر: س. كۆكتۈغ

كوررېكتور: س. كۆكتۈغ

بەتچىك: ئا. روزى توختى

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق

ئالاقىلىشىش ئادرىسى:

Ördek Kasap Mah. Millet Cad. Gülşen Apt.

No: 108 D: 5 Çapa ـ Fatih/İstanbul/Türkiye

Tel: 0090 ـ 212 ـ 523 28 77

E ـ mail: infon@maarip.org

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ............................................. 5

مۇقەددىمە ............................................... 11

قىلتاقتا چۈشۈش........................................ 13

ئۆمۈر دەسمايىسى...................................... 14

خۇمار بولۇش ........................................ 17

قىزىقىش................................................ 20

دوستلارنىڭ بېسىمى ................................ 20

بىر قېتىملىقتا ھېچنېمە بولمايدۇ............ 22

ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش ...... 22

تاماكا خۇمارى........................................ 23

ئىجتىمائىي يارا : كەيپ قىلغۇچى

ئىچىملىك ـ ھاراق ................................ 27

ئۈچۈشچان زەھەرلىك بۇيۇملار ................... 38

كوچا باللىرى (سەرگەردان باللار) ........... 39

كوچىدىكى باللار...................................... 39

زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى .................. 41

زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغانلار...... 45

زەھەرلىك چېكىملىك چارە ئەمەس، بەلكى تۇيۇق يول! .......................................... 48

ئاپلا! بالام زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قاپتۇ.................................................. 49

ئۇنداقتا، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟............ 51

خاتىمە .................................................. 56

# كىرىش سۆز

ئىنسان ـ جەمئىيەتتە ياشايدىغان مەۋجۇدىيەتتۇر. توپلىشىپ ياشايدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر شەخس ئۆز ھەق ـ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بىلىشى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىگە بولغان مەسئۇلىيىتى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن كىشى ئائىلىسى ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئادا قىلالايدۇ.

﴿ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەت ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتكە ئىگە مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا، ﴿ئۇ كۈن (قىيامەت كۈنى ، دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن)

[1] سۈرە قىيامەت، 36 ـ ئايەت.

نىئمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر﴾[1]
دېگەن ئايەت ئەقىلدىن تارتىپ بېرىلگەن سان - ساناقسىز نىئمەتلەر ئۈچۈن ئىنساننىڭمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلماقتا.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە داۋالغۇش ھاسىل قىلىۋاتقان سان - ساناقسىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىنسانىيەت شان - شەرىپىگە لايىق پارلاق كېلەچەك بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ زىممىسىگە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەر چۈشمەكتە. بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مىقياسىدا ئىنسانلىق ئالىمىنى تەھدىت قىلىۋاتقان ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق، مۇھىت بۇلغىنىشى، تەبىئىي ئاپەتلەر، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، تەڭسىز رىقابەت، ئەخلاقىي گۇمرانلىق، مەنىۋىيەتنىڭ كىرلىنىشى، كەيپ قىلغۇچى ماددىلارغا ئۆگىنىپ قېلىش، ئېتىقادسىزلىق، زۇلۇم، پارىخورلۇق،

[1] سۈرە تەكاسۇر، 8 - ئايەت.

سەھىيە شارائىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، مائارىپ ۋە قانۇن ساھەسىدە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، تارىخىي ۋە مەدەنىي بايلىقلارنىڭ يوق قىلىنىشى ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەر بىلەن بىرگە، ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىئالوگ، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشتىكى كەمچىللىك، ئۆزگە يات نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالماسلىق ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ماكاندا ھوزۇر ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشاش مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋەھشىيلىك ۋە تېرورىزمغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئىچىدە ياشىماقتىمىز.

بۇ مەسىلىلەر پەقەت مەلۇم بىر جاي، رايون ياكى خەلققىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىلدە تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلدۈرمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى تېگىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ياكى خەلقئارا جەمئىيەتتە چارە - تەدبىرلەر ئىزدەنمەكتە.

ئەسلىدە بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تېگىدە ئۆزىمىزدە مەۋجۇت بولغان بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەسلىكىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقىمىز ياتماقتا. بۇ

سەۋەپتىن بۇ بايلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئۇنۇملۇك پايدىلانغىلى بولىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرۇش ناھايىتىمۇ مۇھىم. شۈبھىسىزكى، بىز ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ئېتىقاد ۋە تەلىملىرى بىلەن 14 ئەسىردىن بۇيان ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرگەن نۇرنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامدۇر.

بۈگۈن، ئىنسان ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش مەقسىدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان پسىخولوگىيىلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن، ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى كۆرەشكىچە پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرى ياكى دۆلەتلىرى دىنىنىڭ مۇداخىلىسىگە، ياردىمىگە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا «مۇقەددەس كۈچ»كە موھتاج بولماقتا.

ئىسلام دىنى زامانىۋىيلىققا ياردەم بېرەلەيدىغان، زامانىۋي دۇنيا ئۈچۈن يېڭى دىنىي چارىلەر تېپىپ بېرەلەيدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە دىندۇر. بۇ سەۋەپتىن مۇقەددەس دىنىمىز بۇيرىغان ۋە تەۋسىيە قىلغان تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ياردەملىشىشكە ئوخشاش پرىنسىپلارغا قۇلاق سېلىپ، بىر - بىرىمىز ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى بىلىشىمىز، مۇرىنى -

مۇرگە تىرىشىمىز، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىمىزدىن بىللە ئۆتكۈزۈشىمىز، ياشىغىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشىمىز، ئىجتىمائىي ياردەملىشىش ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئاساس قىلغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىز، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز، شاد - خوراملىق ۋە ھوزۇر - ھالاۋەتكە تولغان ئەتىلەرگە بىرلىكتە يېتىشىمىز لازىم.

نەشرىياتىمىز خەلقىمىزنىڭ دىنىي تەلەپ - ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوزۇرى ۋە بىرلىكىنى بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ كەلمەكتە. جەمئىيەتنىڭ مەنۋىيىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ئائىلە ئىچى مەسىلىلىرى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمىدا ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈلۈۋاتقان قالايمىقانچىلىق، ئۆرپ - ئادەت جىنايەتلىرى، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، ئىجتىمائىي مۇھىتقا پەرۋاسىز قاراش، ناچار ۋە يامان خۇي - ئادەتلەرگە ئوخشاش ئاممىۋىي شەكىلدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە دىنىي جەھەتتىن كەڭ جامائەتچىلىككە يول كۆرسىتىشنى ۋە بۇ ساھەدە مەۋجۇت بولغان خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىشنى، بۇ

مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگان ۋە تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلمەكتە. ئىناق ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشايدىغان، بىر - بىرىمىزگە ئىنسان سۈپىتىدە ھۆرمەت ۋە شەپقەت كۆرسىتىدىغان بىر دۇنيا بەرپا قىلىشتا مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەبەدىي ئۆچمەس مەشئەل قىلىشنى مەقسەت قىلماقتىمىز.

بۇ مەقسەتتە تەرجىمە قىلىنغان «مەسىلىلىرىمىز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىز» ناملىق بۇ ئەسەرلەر تىزىسى زامانىۋى مەسىلىلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى، كۈنىمىز دۇنياسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق بىلەن يۇغۇرۇلغان توغرا چۈشەنچە بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىمىزنى، توغرا بولغان دىنىي چۈشەنچىنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەنىۋىيەتنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

# مۇقەددىمە

كۆنىمىزدە، پۈتۈن دۇنيادا ۋە ئېلىمىزدە ئىنسان ۋە جەمئىيەت ساقلىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىنىڭ بارلىقى، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يوللىرىنىڭ مۇرەككەپ ۋە قىيىنلىقى ھەممەيلەنگە ئايدىڭ. ھەر كۈنى دېگۈدەك رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا، كۈندىلىك گېزىتلەردە، ھەپتىلىك ۋە ئايلىق ژۇرناللاردا، خەۋەر ئارىسىدا زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ناچار، پەرىشان، بىچارە ھاللىرى، ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان ھايات ھېكايىلىرى، قارا گۇرۇھلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن رەھىمسىز، قانلىق ھېساپلىشىشلىرى يەر ئالماقتا.

شۇڭا زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش مەسىلىسى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىشى ھەم بىر جەمئىيەتتىن يەنە بىر جەمئىيەتكە تارقىلىشى سەۋەبىدىن دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ كەڭ دائىرىلىك مەسىلىسى بولۇپ تۇرۇۋاتماقتا.

زامانىۋي دۇنيانىڭ رەھىمسىز چاقلىرى ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان ئىنسانىيەت يېڭى چىقىش يولى

ئىزدەۋاتقىنىدا، زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش ھادىسىسى ياشلارنى ئاساس قىلغان ھالدا كۈنسېرى كېڭىيىپ بارماقتا ۋە قورقۇنچلۇق دەرىجىگە بېرىپ يەتمەكتە. قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ ئەس - ھوشىنى بىر تامچىسى بىلەن يوقاتقۇزۇپ، يالغان جەننەتنىڭ پەيزىنى سۈرگۈزىدىغان بۇ سېھىرلىك خېمىيىۋى ماددا، ساختا جەننەت بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئازاپ ۋە ئۆلۈملەر بىلەن دوزاخنى خاتىرلەتمەكتە. ئەپسۇسكى، كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىش، پەقەت ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەردىن باشقا، شۇ شەخسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئائىلىنى، شۇ ئائىلىنىڭ بىر قىسمى بولغان جەمئىيەتنى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت ئالىمىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالغا كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ ماددىلارنى ئىشلىتىش يېشىمۇ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرگىچە چۈشتى. مەسىلە ناھايىتى ئېغىر، ئېچىنىشلىق ۋە خار - زار قىلغۇچى دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

# قىلتاقىقا چۈشۈش

«ئەڭ ياخشى زەھەر ۋۇجۇدقا ئاستا ـ ئاستا تارقىلىدىغان زەھەردۇر. چۈنكى ئۇ قۇربانىنى ھېچ سەزدۈرمەيلا زەھەرلەيدۇ. ئۆلگۈچىنى قاتىلدىن ھېچ شۈبھىلەندۈرمەيلا ئۆلتۈرىدۇ».

زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىش ـ قىلتاقىقا دەسسەش بولۇپ، ئۇ «ئالتۇن تاۋاقتا سۇنۇلغان زەھەرلىك ھەسەل»گە ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ، ياشلارنى قاپقانغا باشلىغاندا: «بىر قېتىم چەككەنگە ياكى ئىشلەتكەنگە نېمە بولاتتى؟»، «ئۆز ئۆزەڭگە بەگ ئادەمسەن»، «بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلغىن» دېگەنگە ئوخشاش قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان سېھىرلىك گەپلەر بىلەن ئۆلۈم كوچىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىش ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بىزگە ئامانەت قىلغان جىسمىنىڭ ۋە ۋۇجۇدىمىزنىڭ يامان يوللارغا ئىشلىتىلگەنلىكى بولۇپ، سۇيىئىستېمالدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ بەئەينى ئۆلتۈرگۈچى يوقۇملۇق ۋىرۇس بولۇپ، چوڭ تېرەكنى ئىچىدىن يەپ تۈگەتكەن قۇرتقا ئوخشاش بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى ئۆز ئىچىدىن يېمىرىپ تاشلايدۇ.

# ئۆمۈر دەسمايىسى

ئىنسان ـ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىلغان، ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇلغان، ساناپ تۈگەتكۈسىز نېئمەتلەر ئاتا قىلىنغان ۋە باشقا مەخلۇقلاردىن يۇقىرى، مەرتىۋىسى ئۈستۈن قىلىنغان مەخلۇقتۇر[1].

ئىنسانغا ساناپ تۈگەتكۈسىز نېئمەت، ياخشىلىق بەخش ئەتكەن ئاللاھ تائالا ئىنساندىن بۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىشىنى، ئاتا قىلغان ئىلاھىي ئامانەتلەرنىڭ توغرا يولغا ئىشلىتىلىشىنى ۋە ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نېئمەتلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئىسراپ قىلىپ ياكى نابۇت قىلىۋېتىپ، ئۆزىنى ھالاكەت يولىغا تاشلىماسلىقنى بۇيرىماقتا[2]. ئۆمۈر بويىچە بولىدىغان ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋىي ئىمكانلارنى بۇزۇپ ــ چېچىپ سورۇۋەتمەسلىكنى ۋە ئىسراپ قىلماسلىقنى بىزگە بىلدۈرگەن[3].

---

[1] سۈرە تىن، 4 ـ ئايەتكە ۋە سۈرە ئىبراھىم، 34 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[2] سۈرە بەقەرە، 195 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[3] سۈرە ئەئراف، 31 ـ ئايەتكە قاراڭ.

شەك ـ شۈبھە يوقكى، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ قىممەتلىك ھەدىيەسى ئۆمۈر بولۇپ، ئىنسان ئۆلگىچە ئىگە بولغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆمرى ئىچىدە ئېرىشىدۇ. لېكىن، ئۆمۈرگە ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان، شامغا ئوخشاش ئېرىپ تۈگىگەن بۇ بىباھا غەزىنىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىنساننىڭ ئۆزگەرمەس ئاجىزلىقى تەشكىل قىلغان بۇ مەسىلىنى نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە ئاگاھلاندۇرغان ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنسانغا بېرىلگەن، ئەمما نۇرغۇن كىشى قەدرىگە يېتەلمەي ئالدىنىپ قالىدىغان ئىككى نېمەت بار: بىرى، سالامەتلىك؛ يەنە بىرى، بىكار ۋاقىت»[1].

ئىنسان ئۆمرى سالامەتلىك ئىچىدە ئۆتسە، ھايات گۈزەل بولىدۇ. چۈنكى دۇنيا سائادىتىنىڭ بېشى سالامەتلىكتۇر. ئىنسان ساق ـ سالامەت بولمىسا، ھاياتنىڭ لەززىتى، پەيزى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن (ئوسمانىيلار ئىمپېراتورىنىڭ پادىشاھلىرىدىن)

---

[1] بۇخارى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان بىر نەپەس ئېلىپ بەرگۈدەك سالامەت بولۇشنىڭ دۇنيادىكى پۈتۈن نەرسىلەردىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەنىكەن:

خەلق ئىچىدە مۆتىۋەر بىر نەرسە يوق تاجۇ ـ تەختكە ئوخشاش،
تاجۇ ـ تەخت ئۈچۈن جاھاندا بىر نەپەس ساقلىققا ئوخشاش.

شۇڭا ئۇلۇغ ئاللاھقا ھۆرمەت، پۈتۈن مەخلۇقلارغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنى ساق ـ سالامەت ئىنسان، ساق ـ سالامەت ئائىلە ۋە ساق ـ سالامەت جەمئىيەتنى ئاساس قىلغان. شۇڭا دىنىنى، جېنىنى، ئەقلىنى، نەسلىنى ۋە مېلىنى قوغداش ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى پرىنسىپى بولۇپ، بۇلارنى قوغداش ھەققىدە قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئەمر ۋە چەكلىمىلەر كۆرسىتىلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ كەيىپ قىلغۇچى، ئەقىل ۋە روھىي تەڭپۇڭلۇقنى بۇزغۇچى، نېرۋا سىستېمىسىنى پالەچ قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنى ھارام قىلىشى ۋە بۇ جەھەتتە بىر تۈركۈم جازالارنى يولغا قويۇشى، كىشىلەرنى بۇ خىل نەرسىلەردىن يىراق تۇتۇشقا

ئۇرۇنۇشى قاتارلىق مانا مۇشۇ جەھەتتىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

## خۇمار بولۇش

ھەر ئىنساننىڭ ھاياتىدا بېقىندىلىق بولىدۇ. خۇمار بولۇش بېقىندىلىقنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدۇر. خۇمار بولۇپ قېلىش ياكى ئادەتلىنىپ قېلىش ھاياتىمىزدا خېلى كۆپ ساھەدە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرماقتا.

«ئادەتلىنىپ قېلىش ـ شەخسنىڭ خۇمار بولۇپ قالغان نەرسىنى بىر قانچە قېتىم تاشلاشقا ئۇرۇنىشىغا قارىماي بارغانسېرى مىقدارىنى ئاشۇرۇشى، تاشلىۋەتكەندە موھتاجلىق ئالامەتلىرىنىڭ روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىشى، زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرىشى، ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى شۇ نەرسىنى ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەريانىنى كۆرسىتىدۇ»[1].

---

[1] كۈلتەگىن ئۆگەل: «خۇمارنىڭ ئالدىنى ئېلىش»، IQ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت نەشرىياتى، 2001 ـ يىل، ئىستانبۇل، 17 ـ بەت.

خۇمار بىر قېتىمدا شەكىللەنمەيدۇ، ئۇ بىر جەرياندىن ئىبارەت بولۇپ، كىشى خۇمار قىلغۇچى نەرسىلەرنى تۇنجى ئىشلىتىشى بىلەنلا خۇمار بولۇپ قالمايدۇ. خۇمار ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىدۇ. خۇمار بولۇپ قېلىشنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەر دائىم مۇنداق باسقۇچنى ئۆچرىتىمىز:

ـ قانداق قىلسام بولار؟

ـ بىر تېتىپ باقايمۇ ـ يە؟!

ـ ۋاي، بىر قېتىم چەككەنگە ھېچنېمە بولماس.

ـ چېكىپ باقتىم، ھېچنېمە بولمىدى.

يەنە بىر قېتىم چېكىپ باقايمۇ؟

ـ ياق، ياق، ھەرگىز بولمايدۇ.

ـ بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز قولۇمغا ئالمايمەن.

ـ ۋاي ـ ۋۇي، مەن خۇمار بولۇپ قالمايمەن، خالىسام تاشلىۋېتەلەيمەن.

ئۇنداق دېمە! بۇ نىجىسنى تاشلىغىلى بولمايدۇ.

ـ قەتئىي تاشلىۋەتمىسەم بولمايدۇ، قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، ئەمدى تاشلايمەن، مانا تاشلىدىم! ئەمدى ھەرگىز قولۇمغا ئالمايمەن...

كىشى ئۆزىنىڭ خۇمار بولۇپ قالغىنىنى بىلمەي قالىدۇ. ھېس قىلىپ يەتكەندە بولسا، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تېپىلمايدۇ.

ئىنسان ھۆرلۈك ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. ئەمما بەزىدە ھۆرلۈكىنى ئۆز قولى بىلەن يوقىتىدۇ ۋە خۇمار بولۇپ قالىدۇ. ئىنسان نېمە ئۈچۈن خۇمار بولۇپ قالىدۇ؟ تاماكا ۋە ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ جەلىپ قىلغۇدەك يېرى يوق. قىزىقىش، دوستلىرىنىڭ تەسىرى، ھەۋەس قىلىش، دوستلىرىغا قېتىلىشقا ئوخشاش ئەھمىيەتسىز سەۋەبلەر ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەسلىدە ئاددى سوئاللار ئارقىلىق ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

«ئىچىدە 4000 تۈرلۈك زەھەرلىك ماددا بار بىر نەرسىنى ئىنسان نېمىشقا سېتىۋالىدۇ؟» دېگەن سوئال سورالغاندا، خۇمار بولۇپ قالغانلار ئۆزلىرىگە خاس جاۋابلار بېرىشىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى: ”يالغۇزلىقتىن“، ”ئۆزەمنى چوڭ كۆرۈش ياكى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن“ دېگەندەك مەنتىقسىز جاۋابلار خالاس. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئادەتلىنىپ قېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ھەرىكەتلەرمۇ مەنتىقسىز يەردىن باشلىنىدۇ. چۈنكى خۇمار بولۇش ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى يوق قىلىش دېمەكتۇر.

# قىزىقىش

قىزىقىش ـ ”سىناپ بېقىپ تاشلىۋېتىمەن“ چۈشەنچىسى بولۇپ، قىزىقىشنى ئاشۇرىدىغان مەخپىي، سىرلىق ۋە تىلسىماتتىن ئىبارەت... ھەر ئىنساندا مەۋجۇت بولغان قىزىقىش ۋە ھەۋەس قىلىش تۇيغۇسى، ئەتراپىدىكى بىرسىنىڭ مەلۇم نەرسىنى ئىستېمال قىلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە كىشىلەر ئادەتتە تۇنجى تەجرىبىلىرىنى مۇشۇ شەكىلدە باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن بۇنىڭ ئىسمى ”سىناپ بېقىش“تۇر. ھەر سىناشتا قايتا ئىشلەتمەسلىك ئۈچۈن ۋەدىلەر بېرىلىدۇ. ”بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم“ دەپ بىر ـ ئىككى قېتىم ئىشلىتىش، بەلكىم بارسا كەلمەس تۇيۇق يولغا، پالاكەتكە سۆرەپ كىرىشكە يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. كېلەچەك نابۇت بولۇشتىن بۇرۇن ئوبدان ئويلىنىش كېرەك.

# دوستلارنىڭ بېسىمى

ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ سەمەرىسى بولغان ئىنسان ھاياتى بويىچە بۇ ئىجتىمائىيلىقى

سەۋەبىدىن ئوخشىمىغان مۇھىتلاردا مەۋجۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىز ياشاۋاتقان ھەر ئىجتىمائىي مۇھىت بىزگە ئوخشىمىغان كىشىلەر، ئوخشىمىغان دۇنيا ۋە كۆز قاراشلار سۇنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر دائىم پايدىلىق بولۇشى ناتايىن. بەزىدە ھاياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋەقە ـ ھادىسىلەر مۇشۇ مۇھىتلاردا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن چوڭ خەۋپ بولغان تاماكا ۋە ھاراققا ئوخشاش نەرسىلەر تۈنجى ئىستېمال قىلىنىدىغان يەرلەر ئادەتتە دوستلار ئارىسىدىكى سورۇنلاردۇر. تاماكا، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش خۇمار قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئۆگىنىپ قېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى دوستلىرىغا ئەگىشىش ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بېسىمىغا قارشى چىقالماسلىق بولۇپ، دوستلىرىنىڭ ئارىغا ئالماي قېلىشى، ئۇلارنىڭ ھەۋەسلەندۈرۈشى سەۋەبىدىن بۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ بېقىش نۇرغۇن كىشىنىڭ بۇ نەرسىلەرگە ئادەتلىنىپ قېلىشىغا سەۋەپ بولماقتا. «ياخشى ھەمراھ مۇشكى ـ ئەنبەر ساتىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدىن ساڭا بىر نەرسە تەگمىسىمۇ، خۇش ھىدى ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ. ناچار ھەمراھ تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ساڭا

ئۇنىڭ قارىسى يۇقمىغان تەقدىردىمۇ، ئىس ـ تۈتەكنى بىئارام قىلىدۇ»[1].

## بىر قېتىملىققا ھېچنېمە بولمايدۇ

كىشىلەر: ”بىر قېتىملىققا ھېچنېمە بولمايدۇ“ دەپ تاماكا، ھاراق ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا باشلايدۇ. ھېچكىمنىڭ بۇ نەرسىلەرنى خۇمار بولۇش ئۈچۈن ئىستېمال قىلمايدىغانلىقىدا شۈبھە يوق. لېكىن، نەتىجىدە خۇمار بولۇپ قالىدۇ.

## ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش

ئىنسانلار ھەمىشە خۇمار قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىلكىدە كونترول قىلالايدىغانلىقىنى خىيال قىلىشىدۇ. ئەمما، بۇ نەرسىلەرنى كونترول قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئاخىرىدا باشقۇرۇش ئۇلارنىڭ (يەنى ئىچىملىك ـ چېكىملىكنىڭ) ئىلكىدە بولىدۇ. ئىنسان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، تەسلىم بولغان نۇقتىسى

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

خۇمـــاردۇر. خۇمـــار بولـــۇپ قېلىشـــنىڭ ئەڭ مـــۇھىم ئىپادىسـى ئىسـتېمال قىلغـان نەرسـىنى كـونترول قىلالماســــــلىقى ۋە ئىســـــــتېمال قىلىشـــــــنى توختىتالماسـلىقىدۇر. ئۇنۇتماسـلىقىمىز لازىمكـى، ھەر نەرسـىنى ۋاقتىـدا توختىتىـشۋېلىش بەكمۇ قىيىـن.

## تاماكا خۇمارى

تاماكـــا - خۇمـــار قىلغـــۇچى نەرســـىلەرنىڭ ئەڭ بېشـىدا كېلىـدۇ. تاماكـا جىمغـۇر، ئەممـا جەلىپكـار دوســـتقا ئوخشـــايدۇ. كىشـــىنىڭ بېشـــىغا دەرد چۈشـكەندە، دەرھـال بـۇ دوسـتقا ئېسـىلىپ، ئۇنـىڭ ئوتىـدىن ئىسسىنغۇسـى، تۈتـۈنى بىـلەن دىلـدىكى دەرتلەرنى باستۇرغۇسى كېلىـدۇ. ھـالبۇكى، تاماكـا نە دەرد، نە شادلىق ھەمراھى ئەمەس. ئۇ، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىزنى ئالدىشىمىزغا ياردەم قىلىدىغان، خۇمـار پەيـدا قىلىـدىغان بىـر ۋاسـتىدىن ئىبـارەت. تاماكـا خۇمارى ۋۇجۇدنى نىكوتىنغا ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ئاستا - ئاستا ئۆلتۈرگۈزىدۇ. تاماكىنىـــڭ ئىنســـان ســـالامەتلىكىگە زىيـــانلىق ئىكەنلىكىـــدە قىلـــچە شـــۇبھە يـــوق. دۇنيانـــىڭ ۋە يۇرتىمىزنىـــــڭ ئەڭ مـــــۇھىم ســـــاغلاملىق مەسىلىســـىدىن بىـــرىگە ئايلانغـــان تاماكـــا ئىچىـــدە

مەۋجۇت بولغان زەھەرلىك ئېلېمېنتلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن كېسەللىك كېلىپ چىقماقتا. ئالىملار تاماكا ئىچىدىكى نىكوتىن ۋە تۇتۇننىڭ ئورگانلاردا راك، يۈرەك كېسىلى ۋە تومۇر كېسەللىكلىرىدىن تارتىپ نەپەس يولى ۋە نېرۋا سىستېمىلىرىدا بۇزۇلۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا.

رەسمى ئىستاتىستىكىلارغا كۆرە، تۈركىيەدە كۆپ ساندىكى كىشى ئۆپكە راكى، تومۇر قېتىشىش، نەپەس يولى ئېتىلىپ قېلىشقا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە تاماكا سەۋەبىدىن گىرىپتار بولماقتا؛ دۇنيادا يىلدا تەخمىنەن تۆت مىليون، تۈركىيەدە يۈز مىڭ كىشى تاماكا كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللىك نەتىجىسىدە ھاياتىدىن ئايرىلماقتا. تاماكا سالامەتلىك مەسىلىسىدىن باشقا يەنە ئىقتىسادىي زىيانلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇنىڭدىن باشقا تاماكا چېكىلگەن ماكانلاردىكى تاماكا چەكمەيدىغان كىشىلەرمۇ تاماكا زىيىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا[1].

---

[1] http//www.yesilay.org.tr ۋە http//www.ssv.org.tr گە قاراڭ.

تاماكا سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلغۇچىلار يېشىنىڭ ياش غۇنچىلارغىچە يېتىپ بېرىشى بىلەن دىققەت تارتماقتا. بۈگۈن تاماكىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئەمەسلىكىنى ئىلمىي ۋە تېببىي نۇقتىدىن ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ مەسىلىنىڭ دىنىمىزدا چەكلەنگەن ئىشلار قاتارىدا كۆرۈلۈشى شۈبھىسىز. دىنىمىز ھەر ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشىنى، ئەزىيەت قىلىشىنى ۋە ئىسراپچىلىقنى ھارام قىلغان. ئۇلۇغ ئاللاھ كىتابىمىز قۇرئاندا: ﴿ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار!﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ھاياتىمىزغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەر خىل ئىش ـ ئادەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىماقتا.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ: «ئۆزەڭلارغا ياكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار؛ زىيانغا زىيان بىلەن جاۋاب قايتۇرماڭلار»[2] دەپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىككە بۇيرىغان. تاماكىنىڭ چەككۈچىگە ۋە تاماكا چېكىلگەن يەردىكى كىشىلەرگە بەرگەن

---

[1] سۈرە بەقەرە، 195 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

زىيىنىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، تاماكا چېكىلگەندە ھەم ئاللاھ ھەققىنىڭ ھەم بەندە ھەققىنىڭ دەپسەندە قىلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلۇغ ئاللاھ بىزگە چەكتىن ئاشماسلىقنى، ئوتتۇراھال بولۇشنى بۇيرۇپ، ئىسراپچىلىقنى چەكلىگەن ۋە بۇ ھەقتە: ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[1] دېگەن.

بۇ سەۋەبتىن بەزى ئالىملار تاماكا چەككۇچىگە ۋە تۇتۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەر كىشى ئۇچۇن زىيانلىق بولغانلىقى، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىسراپ بولغانلىقى، كىشىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ۋە بېقىش مەسئۇلىيىتى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قىسىشقا، ئائىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجلىرىدىن ۋە مەجبۇري ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىدىغانلىقى، ئەزىيەت بەرگۇچى ۋە يىرگىنچلىك پۇرىقى بولغانلىقى ئۇچۇن تاماكىنىڭ «ھارام» ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەن.

بەزى ئالىملار تاماكىنى ئاشكارا مەنئىي قىلغۇچى ھۆكۈمنىڭ يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا

---

[1] سۈرە ئەئراف، 31 ـ ئايەت.

«مەكرۇھ» دەپ قارىغان. بۇ سەۋەبتىن تاماكا چېكىشنىڭ «ھارامغا يېقىن مەكرۇھ» ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. «ھارامغا يېقىن مەكرۇھ» دېگىنىمىز، قىياسىي دەلىل بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا مەنئى قىلىنغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئەسلىدە ھارامغا ئوخشاشلا بەزى ئىشلارنى قىلىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ۋە قەتئىي تۈردە مەنئى قىلىدۇ. بۇلارنى قىلىش ھارام ئىشنى قىلىش بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە گۇناھ ۋە ئەيىبلىك دەپ قارالسا؛ يىراق تۇرۇش ماختاشقا سازاۋەر ۋە ساۋابقا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ[1].

كىشىلەر تاماكىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە كۆپىنچىسى تاماكا تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تاماكا تاشلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

[1] ئالىپ ئارسلان ئۆزيازىجى: «ھاراق، تاماكا ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىش»، دىنىي ئىشلار باشقارمىسى نەشرىياتى، 2007 ـ يىل، ئەنقەرە، 137 ـ 140 بەتلەر.

# ئىجتىمائىي يارا : كەيىپ قىلغۇچى ئىچىملىك ـ هاراق

خۇمار قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغانلىرىدىن بىرى هاراق. هاراق ئىچىش ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەر دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىدىن بىرى. هاراق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان تەن ساالامەتلىك مەسىلىسىدىن باشقا، قاتناش ۋەقەلىرى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، جىنايەت سادىر قىلىش، ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشى، كۈندىلىك خىزمەتنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشى، خىزمەتلىرىدىن ئايرىلىپ قىلىش ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىيانلىرى جەھەتتىن جەمئىيەتكە بەرگەن زىيىنى كۆپ تەرەپلىملىك مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماقتا.

مەرھەمەت دىنى بولغان ئىسلام ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىنى، ئىنسانلارنى يامانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان ئەقلىگە، مال ـ مۈلكىگە، ئىجتىمائىي ئورنىغا، ئابرويىغا زىيان يەتكۈزىدىغان كەيىپ قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى قەتئىي تۈردە مەنئىي قىلغان. بۇ يامانلىقلارغا قارشى كۆرەشتە ئىنسانىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن بولۇپ، ئەقىل ۋە

روھىي تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدىغان، كەيىپ قىلىدىغان ۋە نېرۋا سىستېمىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئىچىملىكنى ھارام قىلغان. قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[1]

بۇ ئايەت مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ھەققىدە نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتۇر. ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان، بارلىق قەۋم ۋە دەۋرلەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھاراق ئىچىش ئادىتى قۇرئان نازىل بولغان مەزگىلدە، ھىجاز ـ ئەرەب جەمئىيىتىدە كەڭ كۆلەمدە تارقالغان بولغاچقا، ئىسلام دىنى ھاراقنى ھارام قىلىشتا باشقا ھۆكۈملەرگە ئوخشاش قايىل قىلغۇچى ۋە قەدەممۇ

---

[1] سۈرە مائىدە، 90 ـ 91 ـ ئايەتلەر.

قەدەم مەنئىسى قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھارام ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئادەتلىنىپ قالغان ۋە كۆنۈپ قالغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن مەلۇم مەزگىل كېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن ئىمان، تەۋھىد، ئاللاھقا ئىبادەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېيتقىنىدەك، ھاراقنىڭ بىر قېتىمدىلا ھارام قىلىنماي، قەدەممۇ قەدەم ھارام قىلىنىشى، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان بىر مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ چەكلىمىنىڭ ھېچقانداق نارازىلىق، قارشىلىق ۋە ئېتىراز پەيدا قىلماي، ئوڭاي قوبۇل قىلىنىش شارائىتىنى شەكىللەندۈرگەن. تەدرىجى ئىلگىرىلەش ئۇسۇلى ئىسلام تەلىماتىدا پايدىلىنىلغان ئەڭ ئاساسلىق مېتود بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى ئەمىر ۋە چەكلىمىلەر بىراقلا چۈشۈرۈلمەي، زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، خەلقنىڭ قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا، ئوڭايدىن قىيىنغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان مېتود ئىشلىتىلگەن.

ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەردىن بۇ ئۇسۇل ئېنىق كۆرۈلمەكتە: ﴿خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە

پـــاكـىز يـــېمەكلىكلەر ياسايســـــلەر، ئەقلىنـــى ئىشــلىتىدىغان قەۋم ئۈچــۈن بۇنىڭــدا ھەقــقەتەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار﴾[1] دېگەن ئـايەت مەسـت قىلغۇچى نەرسىلەر ھەققىدە نازىـل بولغـان تـۇنجى ئـايەتتۇر. ھـاراق تېخـى ھـارام قىلىنمىغـان، پـاكىز يېمەكلەر بىـلەن شـاراب بىـر يەردە زىكىـر قىلىنغـان بولسـىمۇ، شـارابنىڭ ئوبـدان نەرسە ئەمەسلىكى ئىشـارەت قىلىنغـان ۋە كېيىـن نازىل بولىدىغان چەكلىمە ئۈچۈن ئۇل سېلىنغان.

﴿(ئـى مــۇھەممەد!) ســەندىن ھــاراق ۋە قىمــار توغرىســـىدا سورىشــىدۇ، ســەن ئۇلارغــا: «بۇنىــڭ ھەر ئىككىســـىدە چـوڭ گۇنـاھ ۋە كىشــىلەرگە (ئازغىنـا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن﴾[2]. بۇ ئايەت ھـاراقنى چەكلەشتىكى تۇنجى قەدەم بولۇپ، ئـايەتتە ھاراقنىـڭ گەرچە بىـــر قىســـم مەنپەئەتلىـــرى بولســـىمۇ، زىيانلىرىنىڭ پايدىسىدىن چوڭ ئىكەنلىكى بايـان قىلىنغـان. لېكىن كەسكىن تىـل بىـلەن ھۆكـۈم بېرىلمىگەن. مۇسـۇلمانلارنى ئويلاشـقا، زىيىنـى تېخىمۇ چوڭ بولغان بىر نەرسىنى تاشلاشقا تەشۋىق

---

[1] سۈرە نەھل، 67 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەت.

قىلغان. بۇ باسقۇچ ئىدىيىۋى تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ھاراقنى تاشلاشقا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىغان. ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[1]. بۇ ئايەت ھاراقنى چەكلەش ئۈچۈن بېسىلغان ئىككىنچى قەدەم بولۇپ، ھاراق ئىچىشنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چەكلىگەن، يەنى ھاراق بىلەن نامازنىڭ بىر يەردە جەم بولالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ھاراق ئىچىشنى تاشلاشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. چۈنكى قۇرئانى كەرىمدە، ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇش ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ شەرتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كىشى ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغاندا ۋە "نېمە دەۋاتقىنىنى بىلەلىگۈدەك بولغاندا" ئاندىن نامازغا تۇرسا بولىدۇ. بۇ ئايەت بىلەن ھاراقنى ئاستا - ئاستا تاشلاشقا يۈزلەندۈرگەن بىر جەريان كۆزگە چېلىقىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، دەسلەپكى ئايەتلەردە ھاراقنىڭ يامان تەرەپلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ھاراق ئىچىش ئۈچۈق ۋە كەسكىن تىل بىلەن

---

[1] سۈرە نىسا، 43 - ئايەت.

چەكلەنمىگەن[1]، بەلكى ھاراق ئىچىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن[2] ۋە مەست ھالەتتە نامازغا تۇرماسلىق تەلەپ قىلىنغان[3].

جەمئىيەتتە ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ ھەر دائىم ھەر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ۋە توغرىسىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا، يامان ۋە ناچار ئىشلارنى چەكلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ تولۇق شەكىللەنگەندە، ئاندىن يۇقىرىقىدەك ئوچۇق ئايەت نازىل بولغان بولۇپ، ھاراقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مېتود ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا قەتئىي مەنئى قىلىنغان. چۈنكى مۇسۇلمانلار ھاراقنىڭ مەنئى قىلىنىشىغا ھەر جەھەتتىن تەييار بولۇپ بولغان. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ ھاراقنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى: «ھاراقتىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى ھاراق بارلىق يامانلىقنىڭ ئانىسىدۇر»[4]؛ «ھاراق ھەر يامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر»[5] دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن.

---

[1] سۈرە نەھل، 66 ـ ۋە 67 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ.

[2] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[3] سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[4] نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[5] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق مەست قىلغۇچى نەرسە شاراپتۇر، ھەر قانداق شاراپ ھارامدۇر»[1]؛ «كۆپ قىسمى مەست قىلغۇچى نەرسىنىڭ ئاز قىسمىمۇ ھارامدۇر»[2] سۆزلىرى بۇ چەكلىمىنىڭ مەنىسى ۋە دائىرىسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىدە ئادەتكە ئايلىنىپ، خۇمار پەيدا قىلىدۇ. ئاز ئىچىدىغان كىشى بارغانسېرى كۆپ ئىچىدىغان بولىدۇ، كۆنگەنسېرى تەسىر قىلمايدىغان، تېخىمۇ كۆپ ئىچكۈسى كېلىدىغان بولىدۇ. ئاز ئىچىش كىشىنى زابويغا ئايلاندۇرىدىغان خەتەرلىك يولنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ، ”ئاز“مۇ ”جىق“قا ئوخشاشلا چەكلىنىشى كېرەك. دىنىمىز مەست قىلمىسىمۇ كەيىپ قىلغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئازراق بولسىمۇ ئىچىشنى ھارام قىلغان. ئىسلام دىنىدا مەستلىكنىڭ چوڭ گۇناھ قاتارىدا قارىلىپ جازالاندۇرۇلۇشى[3]؛ ھاراق سودىسىنىڭ چەكلىنىشى، ھاراق بىلەن داۋالاشنىڭ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قوبۇل قىلىنماسلىقى[1]؛ ھەتتا ھاراق ئىچىلگەن سورۇنلاردا ئولتۇرۇشنىڭ لەنەتلىنىشى[2] قاتارلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلىق ئالىمىنى ھاراق چۈشكۈنلۈكىدىن قۇتقۇزۇش ۋە جەمئىيەتتىن ھاراقنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋېتىش تىرىشچانلىقىنىڭ بىر قىسمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە ھاراقنى ياساش، ئىچىش، توشۇش ۋە توشۇغۇزۇش، تارقىتىش، سېتىش، بۇنىڭدىن كىرىم ھاسىل قىلىش، سېتىۋېلىش، ساقلىق قىلىش ۋە پۇلىنى خەجلەشنىڭ لەنەتلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ، مۇشۇ قىلمىشلارنى قىلغان ئىنسانلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەندى[3].

ئىسلام دىنى ئىنسانغا ياراتقۇچىسىنى تونۇتقان، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنساننىڭ دۇنيادا دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرگە ۋە ئەقلىگە كەلگەن سوئاللارغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بەرگەن، دۇنياغا كېلىشى، ياشىشى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتىغا

[1] مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

مەنە قوشقان دىن بولغاچقا، مۇسۇلمان كىشى ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە ھاراق ۋە مەستىلىك ئارقىلىق قۇتۇلۇش يولى ئىزدىمەيدىغان كامىل روھقا ۋە كۈچلۈك ئىرادىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا زامانىۋى جەمئىيەتلەردە كىشىنى ھەدىسىلا ھاراق ئىچىشكە زورلايدىغان شەخسىي، روھىي، ئائىلىۋى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە ئوڭاي ۋە داۋالغۇشسىز بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. ئىنسان دۇنياۋى ۋە نەپسانىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاراقتىمۇ ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى تەن ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا ھاكىم قىلمىسا، نەپسىگە ۋە كۆنۈپ قالغان خۇيلىرىغا يېڭىلىپ قالىدۇ ۋە بارغانسېرى ئۆزىنى باشقۇرالماس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەقىل بىلەن ھېسسىيات، ئىرادە بىلەن ئاجىزلىق توقۇنۇشقان بۇ ساھەدە دىنمۇ ھاراق ئىچىشنىڭ ھارام ۋە گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئىنسانغا ياردەم قىلماقتا، قوغدىماقتا ۋە ئاسرىماقتا.

زىيانلىق نەرسىلەرنى تاشلاشتا ئېتىقاد ۋە ئىرادىگە تايىنىش كېرەك. كۆنۈپ قالغان خۇيغا ۋە خۇمارغا قۇل بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىرادىنى ئىشقا سېلىش كېرەك. شۇڭا سۆيۈملۈك

پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاراقنى چەكلەشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىمانىنىڭ مۇستەھكەم ئورناپ كېتىشىگە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرۈشكە قارىتا ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن ئېتىقاد ئۇللىرى سېلىنىپ، پىكرىي تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ھاراقنى چەكلەيدىغان ئايەت نازىل بولغان ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن غەلىبىلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن.

ھاراق كەسكىن ھارام قىلىنغان ئايەت چۈشكەندە، مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىدىكى ھاراقلارنى مەدىنە كوچىلىرىغا تۆككەن، كوزىلىرىنى چېقىۋەتكەن ۋە بۇ كەسكىن بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، زىيانلىق ئادەتلىرىنى تاشلاشتا قىلچە ئىككىلەنمىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ھاراققا قارشى كۈرىشىدە ئالدى بىلەن شەخسلەرگە، شەخسلەرنىڭ ئۆزئارا ۋە ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئۆگىتىپ، پۈختا بىر دىنىي ۋە ئەخلاقىي زېمىن يارىتىشىنىڭ، ھارام قىلىش ۋە باشقا شەرئىي تەدبىرلەرنى بۇ شارائىتتا كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرىنى تېخىمۇ

ياخشى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۈگۈن تۈركىيەدە هاراقكەشلەرنى داۋالاشتا باكىركۆي نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ هاراق ۋە زەهەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغانلارنى داۋالاش مەركىزى خىزمەت قىلماقتا. 1920 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان تۈركىيە يېشىل ئاي جەمئىيىتى (مەركىزى ئىستانبۇلدا) هاراققا قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بارماقتا. بۇ جەمئىيەتنىڭ تۈركىيەدىكى بىر قانچە ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىرىدە شۆبىلىرى ۋە ۋاكالەتچىلىرى بار.

## ئۇچۇشچان زەهەرلىك بويۇملار

ئۇچۇشچان زەهەرلىك بويۇملار ــ باهاسى ئەرزان، ئاسان تاپقىلى بولىدىغان، تىبابەتتە، سانائەتتە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان سىر يۇمشاتقۇچى رېئاكتىپ، قۇرۇق تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان خېمىيىۋى بويۇملار ۋە شىلىم، يار يېلىم، كېلىيغا ئوخشاش يېپىشتۇرغۇچى نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇچۇشچان زەهەرلىك بويۇملارنىڭ ئەرزان بولۇشى، تېز تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئاسان تېپىلىشى سەۋەبىدىن ياش ـ ئۆسمۈرلەر بۇ بويۇملارنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتمەكتە. ئۇچۇشچان

زەھەرلىك بۇيۇملار خۇمارى مەسىلىسى كوچىلاردا قالغان، ئىگە ـ چاقىسىز ۋە باشقىلار ئاسانلىقچە پايدىلىنىپ كېتەلەيدىغان ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپتۇر.

## كوچا بالىلىرى (سەرگەردان بالىلار)

چوڭ شەھەرلەردە ياشاۋاتقانلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان مەنزىرىلەردىن بىرى كوچىلاردىكى سەرگەردان بالىلار. بەزىدە ئۇلارنى بىرىلىرىگە بىر نەرسە سېتىۋاتقان ھالدا كۆرسەك، بەزىدە مەلۇم باغچىنىڭ بىر چېتىدە قولىدىكى ئۈچۈشچان زەھەرلىك ماددىنى پۇراۋاتقان ھالدا ئۇچرىتىمىز. بەزىدە ئۇلارنى ماگىزىندىن ياكى تېز تاماقخانىدىن چىقىۋاتقاندا: «ھەدە، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، ئازراق پۇل بەرگەن بولسىڭىز!» دەپ يېلىنىۋاتقان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالىمىز. بۇ ۋاقىتتا، نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپ كېتىمىز، يا ھودۇققىنىمىزدىن قولىمىزدىكى تاماقنى ئۇنىڭغا بېرىمىز ياكى قاپاقلىرىمىزنى تۈرگەن ھالدا ھېچنېمە دېمەي، ئىلاجى بار يۈزىگىمۇ قارىماي، ئۇ يەردىن تېزلىكتە يىراقلىشىمىز. ئەمما كۆپىنچىمىز: «بۇ بالىلار نېمە سەۋەبتىن كوچىلاردا

قالدى، قاچانغىچە كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ؟»
دەپ ئويلاپ باقمايمىز. ئۇ يەردىن 100 ـ 200 مېتىر يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئىچىمىزدە بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن قالغان ئەنسىزلىك، غەزەپ ۋە رەھىم قىلىش ھېسلىرىدىن قىلچە ئەسەر قالمايدۇ، تاكى يەنە بىر قېتىم شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگىچە...

## كوچىدىكى باللار

ئائىلىدە ئۇرۇپ ـ سوقۇشلارغا چىدىيالماي كوچىلارغا قاچقان باللار؛ ئاتا ـ ئانا مېھرى ـ مۇھەببىتىدىن، ئويۇنلاردىن يوقسۇل، باللىقىنىڭ تەمىنى تېتىيالماي چوڭ بولغان باللار؛ ئوينايدىغان ۋاقتىدا ئويۇندىن، مەكتەپ يېشىدا ئوقۇشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان باللار؛ كىچىك تۇرۇپلا چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان باللار؛ ئىنسانغا نالايىق شارائىتلاردا ئىشلەۋاتقان، ئىشلىتىلىۋاتقان باللار؛ ھاياتىنى خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان، كوچىلاردا جىنايەتكە زورلىنىپ ياشاۋاتقان باللار ۋە چوڭ بولۇش بىلەن چوڭ بولالماسلىق ئارىسىدا قالغان نۇرغۇن باللار...

كوچىلاردىكى رەھىمسىزلىككە قارشى تۇرۇش ۋە تاياق يېگەندە ئاغرىق ھېس قىلماسلىق، كوچىنىڭ

سوغۇقلىرىغا چىداش، بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان ئېغىرچىلىقلارغا قارشى جىسمانىي ۋە ھېسسىي كۈچ شەكىللەندۈرۈش، يەنى ئۆزلىرىنى كۈچلۈك ۋە يۈرەكلىك ھېس قىلىش، ياخشى نەرسىلەرنى خىيال قىلىش ۋە خىجىل بولۇش تۇيغۇلىرىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن نومۇس قىلماي باشقىلاردىن يېمەك ـ ئىچمەك سوراپ تىلەمچىلىك قىلىش ۋە ئەركىن ـ ئازادە گەپ قىلىش ئۈچۈن ئۈچۈشچان بۇيۇملارغا ئېھتىياجلىق بولغان باللار... "ئىچىم ئىسسىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن"، "ئىچ پۇشىقىمنى چىقىرىمەن" دەپ يېلىم ۋە كېلىي پۇراپ يۈرگەن باللار...

## زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى

زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى بەك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ناچار ئادەتلىرى ۋە مەسىلىلىرى بولۇپ كېلىۋاتماقتا. نەشە، ئەپيۇن، خروئىن، كوكائىن، مورفىنغا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ماددىلارنىڭ بەدەندە پەيدا قىلغان تەسىرى ھاراقنىڭ تەسىرىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئىنسان بەدىنىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن،

جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولۇپ كەلمەكتە. كەيىپ قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى هارام قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ هاراقتىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان مەست قىلغۇچى زەهەرلىك چېكىملىكلەرنى تەبىئىي هالدا هارام قىلىشىدا هېچقانداق شۈبهە يوق.

بۇ يامان ئادەت ۋە كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى ئارىسىدا ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقلىرى، چارىسىزلىكلىرى، تەلىم ــ تەربىيەدىن يوقسۇل قېلىشى، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە يامان تەسىر كۆرسىتىشى، ناچار شەرت ـ شارائىتلار، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى تايانغان سۆيگۈ تۇرمۇشتىن هوزۇر ئالالماسلىق، مەنىۋى بوشلۇق، غايىۋى يوقسۇللۇق، كەمبەغەللىك ۋە يالغۇزلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان چارىسىزلىك قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىنساننى هاراق ۋە زەهەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان سەۋەبلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم هالدا كۈرەش قىلىش ۋە هەر بىرىگە قايىل قىلارلىق چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىرگە، كەيىپ ۋە مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلغان. هاراقنىڭ مەنئى قىلىنىشى

قۇرئاندا[1] كەيىپ قىلغۇچى، ئىنسان ئەقلى ۋە روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان بارلىق قاتتىق ۋە سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بايان قىلىنغان. ھەدىسلەردىمۇ ھەر قانداق كەيىپ قىلغۇچى نەرسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ[2]، كۆپى كەيىپ قىلغۇچى نەرسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىڭمۇ ھارام ئىكەنلىكى، ھەر قانداق كەيىپ قىلغۇچى نەرسىنىڭ ھاراق ـ شاراب ھۆكمىگە كىرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان[3].

زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئىچىدە نەشە ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى دۇنيانىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا، بولۇپمۇ يىراق شەرقتە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى چۈشۈرۈلگەن زامان ۋە ماكانلاردا ئىنسانلار بەك بىلىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، قۇرئان ۋە ھەدىستە ئۇ مەزگىلدە كەڭ تارقالغان ھاراق ـ شاراپ ھەققىدە ئەتراپلىق توختالغان ۋە چەكلىمىمۇ بۇ مىسال ئارقىلىق بېرىلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئەمر ـ مەرۇپلىرىدىكى ئومۇمىي مەقسەت نەزەرگە ئېلىنغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ توغرىدىكى

[1] سۈرە مائىدە، 90 ـ ئايەتكە قاراڭ.

[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[3] مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

چەكلىمىسىنىڭ پەقەت ھاراق ياكى مەلۇم بىر كەيىپ قىلغۇچى ئىچىملىككىلا قارىتىلمىغانلىقى، بەلكى ئەقلىي ۋە روھىي تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدىغان، نېرۋا سىستېمىسىنى مەست قىلىپ، مېڭىنى تورمۇزلايدىغان، كىشىنىڭ ئىرادىسى ۋە تەپەككۇر كۈچىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمىي يوق قىلىدىغان ھەر قانداق بىھوش قىلغۇچى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭمۇ شۇ چەكلىمە ئىچىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەتتا بۈگۈن زامانىۋىي تېبابەت، پسىخولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي بىلىملەر نەشە، ئەپيۈن، خېروئىن، كوكائىنغا ئوخشاش زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ئىنسان سالامەتلىكى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈچۈن ھاراقتىنمۇ كۆپ زىيانلىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلمەكتە. زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئىنساننى بارغانسېرى تاشقى دۇنيادىن ئايرىپ ئۆزىگە قۇل قىلماقتا، ھەر خىل يامانلىق ۋە جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشقا تەييارلىماقتا، بولۇپمۇ ئىنسانلىقىدىن چىقىرىپ تاشلىماقتا. بۇ ناچار ئادەت جەمئىيەتتە ئازغۇنلۇق ۋە ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا چوڭ رول ئوينىماقتا. بۇ سەۋەبتىن غەرب دۆلەتلىرى كەيىپ ۋە ھاراققا مەلۇم دەرىجىدە يول

قويسىمۇ، زەھەرلىك چېكىملىككە قارىتا قانۇنىي ۋە ئىلمىي ساھەدە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. كىشىلەرنى بۇ ناچار ئادەتلەردىن توسىدىغان ئىچكى كۈچىنىڭ يوقلۇقى، دىنىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن يوقسۇللۇق، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتخورلۇقنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ھاكىم بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ دۆلەتلەردىكى زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى كۆرەشلەر نەتىجىسىز قالماقتا.

ئىسلام دىنى كەيپ قىلغۇچى ئىچىملىكلەر ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى قاتتىق جازالاش ئۇسۇلى بىلەن توسۇشنىڭ ئورنىغا، شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرىگە، جەمئىيەتكە ۋە ياراتقۇچىسىغا بولغان مەسئۇلىيەت ۋە ئەيمىنىشنى شەكىللەندۈرگۈچى ئېتىقاد ۋە ئەخلاق تۇيغۇلىرىغا ئىگە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە ۋە بۇ مېتودنىڭ تەسىرى چوڭ بولماقتا. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ غەرب جەمئىيىتىگە قارىغاندا ئاز ئىستېمال قىلىنىشىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مېتودنىڭ رولى چوڭ بولماقتا.

# زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغانلار

"ياشاش"، "ياشىماي تۇرۇپ ياشاش"، "ئۆلۈش"، "يا ئۆلگىچە"، "ئۆلگەندىن كېيىنچۇ؟"... نەشە ۋە تابلېت (تابلېت شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن زەھەرلىك چېكىملىك) ئىستېمال قىلغانسېرى، يىڭنە ئۇرغانسېرى، بۇ ئوي ـ پىكىرلەر ئىنساننى چىرمىۋالىدۇ. "ئىستېمال قىلمىسام، ھاياتتىن ئۈمىدىم قالمايدۇ". "ساراڭ بولۇپ قالاتتىم ياكى ساراڭ بولۇپ قالدىمىمۇ ـ يە؟ بىلەلمەيۋاتىمەن". "ياق" دېيەلمىدىم. "ئىچ!" دېدى، ئىچتىم. بەزىدە: "ياق" دېدىم. زورلىغانىدى، يەنە ئىچتىم. ئىككى قېتىم "ياق" دېدىم، ئۈچىنچى قېتىم چىدىيالماي ئىچتىم. "ياق" دېيىش ئېغىر كەلدى. "ياق" دېسەم، يالغۇز قالىمەن دەپ ئويلىدىم. ئۇلارغا قېتىلدىم. ئەسلىدە ئۇلار يالغۇز قالماسلىق ئۈچۈن ماڭىمۇ ئىچكۈزدى. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كەتتى. بەزىلىرى تاشلىدى، بەزىلىرى خۇمار بولۇپ قالدى، يوقاپ كەتتى. "ياق" دېيەلمىدىم، يالغۇز قالماسلىق ئۈچۈن ئىچتىم. ئەمما، ھازىر يالغۇز قالدىم.

"ئەمدى بىلدىمكى، بۇ دورىنى بىر قېتىم ئىچىش بىلەن پۈتۈن ھايات يوق بولىدۇ. ئائىلەمنى،

ئۆتمۈشىمنى، كېلەچىكىمنى، يېقىنلىرىمنى، ھەممە نەرسەمنى يوقاتتىم. قىسقىچە قىلىپ ئېيتسام، گۈزەل بولغان ھەممە نەرسەمنى بىر قېتىملىق ئوكۇلدا ئېرىشكەن «ھوزۇر» ئۈچۈن قۇربان قىلدىم. بىر قېتىم مۇپتىلا بولدۇم. شۇنداق تاشلىۋەتكۈم بار، ئەمما تاشلىيالمايۋاتىمەن، ئۆزەمگە ئىشەنچىم، ھۆرمىتىم قالمىدى. ھاياتى كۈچۈم ۋە شاتلىقىمنى يوقاتتىم. ئەڭ يامىنى ھەرگىزمۇ ساقايماي قېلىشتىن قورقىمەن“. بۇلار ھاياتىنىڭ باھارىدا دەۋرىمىز ئېلىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ بالالاردىن بىرى بولغان زەھەرلىك چېكىملىك ئىللىتىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بەختى قارا ياشلىرىمىزدىن بىر قانچىسىنىڭ نالە - پەريادلىرى. ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدە زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلغۇچىلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، زەھەرلىك چېكىملىك قۇربانلىرىنىڭ سانى كۈنسېرى ئېشىپ بارماقتا.

## زەھەرلىك چېكىملىك چارە ئەمەس، بەلكى تۇيۇق يول!

ئىنسانلار ئۆمرى بويىچە ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ھايات ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن تولغان. بەزى كىشىلەر بۇلاردىن بىر مىنۇت بولسىمۇ بالدۇر قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ مەقسەت بىلەن مەسىلىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىدۇ ياكى خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئازابلانماسلىق ياكى بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى تارتىش ئۈچۈن ھاراق ياكى باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىدۇ. لېكىن، بۇ مەسىلە ياكى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ چىدىغانلار، دەرتنى كۆتۈرەلىگەنلەر ۋە قىيىنچىلىق ياكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى، يېڭىشنى ئۆگەنگەنلەر كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ھاياتتا ئازاب ۋە خۇشاللىق، قايغۇ ۋە شاتلىق ھەر دائىم مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۈگۈن دۇچ كەلگەن ۋە بەرداشلىق بېرەلىگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنىڭ ئەتە

ئاخىرلىششى ۋە ياخشى كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى ھەر دائىم مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، روھ بەدەندە بولسىلا، ئاللاھتىن ئۈمىدنى كېسىشكە ھەرگىز بولمايدۇ (ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار). ھەر كېچىنىڭ تېڭى بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق كېلىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكى ۋە پەقەت ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ[1]. ئىنسان چارىسىز ۋە ئۈمىدسىز قالغان ۋاقىتلاردا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت، بەرىكەت ۋە ئۈمىد ئىشىكىنى ئېچىپ، ئويلىمىغان ۋە خىيالىغا كەلتۈرمىگەن يەرلەردىن، يوللاردىن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ (ئاللاھ) ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئۇنىڭغا يۆلەنگەنلەر ھەر دائىم كۈچلۈكتۇر. قىيىنچىلىقلاردىن قورقماسلىق، ئازاب ۋە تەقدىرگە سەۋر قىلىش، ئەھۋال قانچىلىك يامان بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئېتىقادىنى يوقاتماسلىق، مۇسۇلمان كىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە پرىنسىپى بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ، بۇ يولدا

---

[1] سۈرە قاف، 16 ـ ئايەتكە ۋە سۈرە يۇسۇف، 87 ـ ئايەتكە قاراڭ.

كۆرسىتىلگەن سەۋر ـ تاقەت ۋە غەيرەتنىڭ ئاللاھ هوزۇرىدا چوڭ ئەجرى ۋە قىممىتى بار. شۇڭا مۇسۇلمان ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا، ئۇلۇغ ئاللاھقا دۇئا قىلىشى، ئۇنىڭ چەكسىز رەھمىتى ۋە لۇتفى ـ كەرەمىگە سىغىنىشى كېرەك. چۈنكى، دەردلەرگە داۋا، كېسەللەرگە شىپا، قىيىنچىلىقلارغا چارە پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھتىنلا كېلىدۇ.

## ئاپلا! بالام زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قاپتۇ

كۆزىمىزنىڭ نۇرى، خۇشاللىقىمىز، ئۈمىدىمىز...
ياراتقۇچىنىڭ بىباھا سوۋغىسى، جەننەت گۈلى، كۆڭۈل مېۋىمىز... باللىرىمىز...
دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننىتى، شادلىقى، سەبىيلىكنىڭ دەل ئۆزى...
ئىمتىھانىمىز، كەلگۈسىمىزنىڭ بىناكارى...
يۈرەكلىرىمىزنىڭ ئۆركەشلەپ ئاققان دەريالىرى...
يولىمىز ئۈمىد، ئۈمىدىمىز پەرزەنت...
پەرزەنتلەر ئائىلىنىڭ ئۈمىدى ۋە كېلەچىكىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى تۇرمۇشقا پۇختا تەييارلاش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئارزۇسى پەرزەنتلىرىنىڭ يېتىلگەن، شاد ـ خۇرام ۋە خاتىرجەم بىر ئىنسان بولۇشى. ئەپسۇسكى، پەرزەنتلەرنىڭ خۇشال بولۇشى ئۈچۈن ئائىلىنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە تىرىشچانلىقلىرى يەتمەيۋاتىدۇ، ھەر دائىم ئۇلارنى يامان ئادەت ۋە يوللاردىن قوغداپ قالالمايۋاتىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىش ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئەجەللىك زەربە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشى دېگەنلىك بولۇپ، پۈتۈن قايغۇلىرىنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئاتا ـ ئانىلار ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىنكاس قايتۇرۇشى، ئوخشىمىغان ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆكۈشى مۇمكىن. دەسلەپتە بۇ رېئاللىققا ئىشەنگۈسى ۋە قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشقا، ھېچكىمگە دېمەسلىككە تىرىشىدۇ ۋە بۇ تۇيغۇلىرىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدە باشقىلاردىن ياردەم ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

چىققىلى بولمايدىغان تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چارىسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى مۇمكىن. زەھەرلىك چېكىملىك ۋە باشقا ناچار ئادەتلەر، ئۇمىد ۋە كېلەچەك دەپ قارالغان ياشلارنىڭ ھاياتىنى بىر قېتىمدىلا يوق قىلماقتا. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرىمۇ زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن بىللە ئۆلمەكتە. چۈنكى زەھەرلىك چېكىملىك ئىنساننى قايتىپ كېلىشى مۇمكىن بولمىغان تۇيۇق يولغا باشلىماقتا. سانسىزلىغان ئاتا - ئانىنىڭ يۈرىكى قان يىغلىماقتا، نۇرغۇن كىشىلەر زەھەرلىك چېكىملىكتىن ئىبارەت بۇ ئىللەت سەۋەبىدىن ھاياتلىق بىلەن ۋىدالاشماقتا. بۇ خىل ئادەتلىرى بولمىغان، ھەر جەھەتتىن ساغلام ئەۋلات تەربىيىلەپ چىقىش، ئەلۋەتتە، بەكمۇ ياخشى ئىش. بىز پەقەتلا خالىمىساقمۇ، پەرزەنتىمىز ئاللىبۇرۇن بۇ ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

## ئۇنداقتا، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

شۇبھىسىزكى، پەرزەنتىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇش ھەر ئاتا - ئانىنى گاڭگىرىتىدىغان بىر

ئەھۋال. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دەسلەپكى ئىنكاسلىرى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن:

**ئىشەنمەيدۇ ۋە ئىنكار قىلىدۇ:** ”ياق، مېنىڭ بالام ھەرگىز ئاق چەكمەيدۇ؛ مېنىڭ ئوغلۇم، قىزىم بۇ تورزاقلارغا چۈشمەيدۇ“.

**ئۆزىنى ۋە جورىسىنى ئەيىبلەپ، تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ:** ”بۇ بالا سېنىڭ يۈزۈڭدىن مۇشۇنداق بولدى“. ”بىز ھېچقاچان ياخشى ئاتا ـ ئانا بولالمىدۇق“.

**ئۈمىدسىزلىك، چارىسىزلىك ھېس قىلىشىدۇ:** ”مەن ئۇنى مۇشۇ نىجىس ئۈچۈن چوڭ قىلغانمىدىم؟“، ”تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگىدى، ئەمدى ھېچنېمە بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ“.

**قاتتىق خاپا بولۇشىدۇ:** ”مېنىڭ بۇنداق بالام يوق“.

**بالىسىنى ئەيىبلەيدىغان ۋە خارلايدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىدۇ:** ”ئۆزەڭنىڭ ئويلىماپسەن، بىزنى بولسىمۇ ئويلىمىدىڭمۇ؟“، ”سەن نېمىگە يارايتتىڭ؟“.

**ئەڭ قاتتىق قارارلار بېرىشى مۇمكىن:** ”ئەمدى مەكتەپكە بارمايسەن“، ”بۈگۈندىن تارتىپ ئىشىك ئالدىغىمۇ چىقمايسەن“.

ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بۇ ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشى ناھايىتى نورمال. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا ياكى بالىلىرى بىلەن بولغان ئىختىلاپ، چىقىشالماسلىق، تالاش ـ تارتىشلار زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلىشقا باشلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. بۇ ئەھۋاللار نەتىجىسىدە، داۋاملىق سەلبىي تەسىردىكى ھېس ـ تۇيغۇ سۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشىگە ۋە شەخسنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئائىلە ئىچىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياشلار بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇش، ئۇنتۇش ئۈچۈن چارە ئىزدەشكە باشلايدۇ. بۇ ئىللىقلىقنى، شادلىقنى ئائىلە بېرەلمىگەن تەقدىردە، پەيدا بولغان بوشلۇقنى ناچار ئادەتلىك، ئەخلاقسىز دوستلار ۋە ئادەتلەر ئىگەللەيدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلغان پەرزەنتلىرىڭىزگە ئاتا ـ ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن تۆۋەندىكى شەكىلدە مۇئامىلە قىلسىڭىز بولىدۇ:

— زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە چوقۇم پەرزەنتىڭىز بىلەن سۆزلىشىڭ، ئۇنىڭ دەردىگە قۇلاق سېلىڭ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى

ئائىلىلەر پەرزەنتنى بىلەن ھاراق ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى توغرىسىدا سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بەزى ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ بۇنداق نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشمايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. بەزىلىرى بۇ مەسىلە ھەققىدە سۆزلەشكەندە، قايسى ئۇسلۇپتا سۆزلىشىشى كېرەكلىكىنى بىلمىگەنلىكى ياكى بۇنداق چۈشەنچىلەرنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقلىگە كىرگۈزۈشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن سۆزلەشمەيدۇ. پەرزەنتىڭىز مۇشۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگىچە كۈتۈپ تۇرماڭ. داۋالىنىۋاتقان ياشلار ئائىلىسىنىڭ خەۋەردار بولۇشىدىن ئەڭ ئاز ئىككى يىل بۇرۇن بۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا باشلىغانلىقىنى بايان قىلىشماقتا. پەزەنتىڭىز بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراق ھەققىدە بالدۇرراق سۆزلىشىڭ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى ئوچۇق تۇتۇڭ.

بىر - بىرىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش كېرەك. ئاڭلاش — سۆزلىشىش دېگەنلىك بولمايدۇ، ئۇنى چۈشىنىش بولىدۇ. ئاڭلاش — ئۇنى ئاڭلىغانلىقىنى ۋە چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەش دېگەنلىك بولىدۇ.

ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلىنىڭ. ئۇنى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇ ئۆزى

توغرا دەپ بىلگەن ئىشلىرىنى قىلىدۇ ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ توغرا دەپ قارىغان نەرسىلەر بىلەن بىزنىڭ توغرا دەپ قارىغانلىرىمىز ئارىسىدا پەرق بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. تەنقىد قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى ئەمەس، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا پەرزەنتىڭىزگە: ”نانقېپى، كېرەككە كەلمەيدىغان، ئادەم بولمايدىغان“ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىڭىز ناھايىتى خاتا بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن ئايرىلىش ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىگە ۋە ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ناچارلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

مەقسىتىڭىزنىڭ ئۇنى قوللاش ۋە ياردەم قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈڭ. ھەر دائىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئەسلىتىپ، ھازىر مۇۋاپىق بولمىسا، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرۇڭ. ئۇنىڭغا ياخشى ئۈلگە بولۇڭ. ئۆزىڭىز ئىستېمال قىلىۋاتقان (خۇمار قىلغۇچى) نەرسىلەرنى تاشلاڭ. چۈنكى

"دېگىنىمنى قىل، قىلغىنىمنى قىلما" مەنتىقى ھەرگىزمۇ كارغا كەلمەيدۇ[1].

## خاتىمە

جەمئىيەتنى ساراسىمگە سالغۇدەك دەرىجىدە سانسىزلىغان مەسىلە كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتقان كۈنىمىزدە، ئىنسانلىق شەرىپىگە لايىق پارلاق كېلەچەك بەرپا قىلىش ئۈچۈن شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەت سۈپىتىدە ھەممىمىزگە ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەر چۈشمەكتە. بولۇپمۇ ياشلارنىڭ پىكىر ۋە زېھىن دۇنياسىغا ساغلام ئېتىقاد ۋە مەنىۋى بايلىقلار بىلەن ئۇل سېلىش كېرەك. چۈنكى، جەمئىيەت ئېتىقادلىق، مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن سالامەت بولغان كۈچلۈك ياشلار بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پىكرىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن بىر نەسىل - بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچ كۈچى بولۇپ

[1] تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن ئۆزجان كۆكنەلىنىڭ: «خۇمار، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. ئالتۇن كىتابلار نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئىستانبۇل، 260 ـ 276 - بەتلەر؛ كۆلتەگىن ئۆگە، يۇقىرىقى ئەسەر، 74 ـ 79 - بەتلەر.

ھېسابلىنىدۇ. مېڭىسى ناركوز قىلىنغان، جەڭگىۋارلىقى ۋە ياشلىق ھاياجىنىنى، خىزمەت، غەيرەت ۋە ئىنتىلىشچانلىقىنى يوقاتقان بىر نەسىل بولسا، بىر مىللەتنىڭ ھالاكىتى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا خەلقئارالىق سىياسى پىلانلىرى بولغانلار ۋە زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرى ياشلارنى نىشان قىلماقتا. ياشلار دوراش، ھەۋەس قىلىش، ناچار دوستلار، ئېسىل تۇرمۇش ۋە كەيىپكە ئىنتىلىش، مەنىۋي بوشلۇق، بەختسىزلىك، ئائىلە قۇرۇلمىسىدىكى بۇزۇلۇش، چېقىشالماسلىق سەۋەبىدىن ناھايىتى ئاسانلا زەھەرلىك چېكىملىك قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىۋاتماقتا. يامان ئادەتلەر ياشلارنى مىللىي ۋە مەنىۋي ئەنئەنىلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇرۇشقاق، سەپرا مىجەز ۋە باشباشتاق ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن زىيانلارنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا كۆرەشنى ئالدى بىلەن ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال قىلمىغان كىشىلەرنىڭ بۇلارنى ئىستېمال قىلىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قاتتىق چارە - تەدبىرلەرنى تېپىشتىن باشلىشىمىز؛ خۇمار بولۇپ قالغانلارنىڭ داۋالىنىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز؛ ئائىلە، مەكتەپ، جامە - مەسجىد، ئالىي مەكتەپلەر،

مەتبۇئاتلار يېقىنىدىن ماسلىشىپ، ھەممىمىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىدە تۇنجى قەدەمنى ئائىلە بېسىشى كېرەك. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېشى بولۇپلا قالماي، ساغلام ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدە مەكتەپ رولىنى ئوينايدۇ. ئائىلە - ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي گۇمراھلىقتىن ساقلىنىشىدا باشپاناھ بولىدىغان مۇستەھكەم قورغانلاردىن بىرى بولۇپ، كىملىك ۋە ئۆزلىكى يېتىلىدىغان مۇھىت. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنسان ئېتىقاد، ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن ئوبدان ۋە پايدىلىق ئادەتلەر تۇنجى قېتىم ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئائىلە ئىچىدە ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۆزىگە قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئائىلىنىڭ مېھرى - مۇھەببەت، ھۆرمەت، ساداقەت ۋە ياخشى مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللەندۈرۈلۈشى ئىنتايىن مۇھىم. ئالىملارنىڭ ئىپادىلىشىچە، ئائىلىسىدە مېھىر - شەپقەت ۋە ئىززەت - ھۆرمەت كۆرۈپ يېتىلگەن باللار ئاسانلىقچە زىيانلىق نەرسىلەرگە ئۆگىنىپ قالمايدىكەن. مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە بىر پۈتۈنلىكى، پەقەت ۋە پەقەت ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىقلا ۋۇجۇتقا

چىقمايدىغانلىقى، بولۇپمۇ، دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەلىم - تەربىيەنىڭ كۆچەيتىلىشى، شەخسلەرنىڭ مەنىۋىي ۋە جىسمانىي سالامەتلىكىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى كۈرەشتە ئىزدىنىش، خىزمەت قىلىش ئاممىۋىي ۋە دىنىي ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈرەشنى قۇرئانى كەرىمدە "ياخشى، توغرا، خەيرلىك ئىش" مەنىسىنى بېرىدىغان «سالىھ ئەمەل» ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان مەنىدىكى «ئەمر بىلمەرۇپ نەھيى ئەنىل مۇنكەر» كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلۇغ ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان ئەقىل ۋە ئىرادىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل زىيانلىق، خۇمار پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرنى تاشلىيالىشىمىز مۇمكىن. مىڭلىغان كىشى بۇنى قىلالىدى. ۋاقىت ئۆتكۈزمەي: "زىياندىن قاچان قۇتۇلسا، پايدىغا ئېرىشىدۇ" دېگەندەك زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز، شەخس ۋە جەمئىيەت بىرلىكتە خاتىرجەم ۋە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشىمىز كېرەك.

بۇ ئاممىۋىي مەسىلىنى بىز ئۆزىمىز پەيدا قىلدۇق. جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، بۇنى

ھەل قىلىش كۈرىشى توختاپ قالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن زىيانلىق نەرسىلەرگە ئۆگىنىپ قېلىشنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ مەسىلىنى تېگىدىن ھەل قىلىش، ۋاقتىلىق چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن مۇھىم. ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۆگىنىپ قالماسلىق ۋە ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت.

زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە خۇمارغا قارشى كۈرەش يولىنى تاللىغانلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ۋە جاپالىق مۇساپە بار. بۇ يولنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى كۆرۈش ئاساسىي مەقسىتىمىز ئەمەس، دەل ئەكسىچە مۇشۇ يولدا مېڭىش نىشانىنىڭ دەل ئۆزى ھېسابلىنىدۇ.